# 32443 ـ نامازدىن كېيىن جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىشنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

سوئال: ئىمام نامازنى تۈگەتكەندىن كىيىن دۇئا ۋە ئىستىغپار (سۇبھانەللاھ ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر) زىكىرلىرىنى يۇقىرى ئاۋاز ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە دىيىشى جائىزمۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ_ سانالار بولسۇن.
دۇئا ۋە زىكىرلارنى بەش ۋاخ نامازدىن كىيىن ئىمامنىڭ يۇقىرى ئاۋاز ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ھەر كۈنى ۋە داۋاملىق ئادەتكە ئايلاندۇرىۋىلىشى بىدئەت (دىندا ئەسلى يوق) بولۇپ؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەياكى ساھابىلارنىڭ نامازدىن كىيىن ھەر ۋاقىت ئۈيچى دۇئا قىلغانلىقى ساغلام ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ ھىچ قايسىسىدا قەيت قىلىنغان ئەمەس.
سەئۇدى ئەرەبىستان پەتۋا ئىلمىي تەتقىقات كومىتېتى
(بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نامازدىن كىيىن جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىشنى نامازنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارايمىز، بىراق دىنى مەسىلىلەردە بولسا داۋاملىق توغرىنى ئىزدىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.ئىبادەتلىرىمىزنىڭ قوبۇل بولىشىدىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەر:
بىرىنچى:
ئىبادەتنى بىر ئاللاھقا چىن ئىخلاس بىلەن قىلىشىمىز كىرەك.
ئىككىنچى:
ئەمەللىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئۇيغۇن بولىشى لازىم.
يۇقىرىدىكى ئىككى شەرت تولۇقلانغاندىلا، ئاللاھنىڭ ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل بولىشىدىن ئۈمۈت كۈتۈش مۇمكىن.بىزنىڭ مەسچىتلىرىمىزدىكى نامازدىن كىيىن ئىككى قېتىملاپ جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىش ئىمامنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۇبھانەللاھ ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ زىكىر قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر سۈننەتتە بايان قىلىنمىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىز ئۇنىڭدىن چەكلىنىشىمىز كىرەك. شۇنى بىلىشىمىز كىرەككى، ئىبادەتتىكى ئۆلچەم باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى كىم بولۇشتىن قەتئى نەزەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇنمۇ، ياكى ئۇيغۇن ئەمەسمۇ بۇنى ئۆلچەم قىلىشىمىز كىرەك. قۇرئان سۈننەتكە ئۇيغۇن بولسا ئەلبەتتە ئەگىشىشىمىز لازىم ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئۇنىڭدىن يىراقلىششىمىز ۋە توغرىنى ئىزدىشىمىز كىرەك.
ئۇنداق دىگەنلىك سىزنى ئاللاھقا دۇئا قىلماڭ ۋەياكى زىكىر قىلماڭ دىگەنلىك ئەمەس ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا دۇئا قىلسۇن ۋە رەببىنى زىكىر قىلسۇن،چۈنكى ھەر كىم ئۆز ھاجىتىنى باشقىلاردىن بەكراق بىلگۈچىدۇر.ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا يىتەكلىسۇن ـ ت_ م).